# چىن مېھرى - مۇھەببەتنى ئىزھار قىلىپ، تەرەققىيات ئۈستىدە سۆزلىشىش  مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا يېڭى كەيپىيات يارىتىش

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇ دەل ياغېيۇ تېرىشنىڭ ئەڭ ياخشى مەزگىلى، بۇ يىل بۇ كەنتتىكى 51 ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسى 120 مو يەرگە ياغېيۇ تېرىماقچى.

«مېنىڭ ئېرىمنىڭ كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى خىزمىتى بىرقەدەر ئالدىراش، ئائىلىمىزدە ئالتە مو يەرگە ياغېيۇ تېرىماقچى، ئەمگەك كۈچىمىز يېتىشمەيدۇ. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە تۇغقىنىم كېلىپ، ھەقىقەتەن مېنىڭ قىيىن مەسىلەمنى ھەل قىلدى» دېدى كەنت ئاھالىسى نۇربىيە ھامۇت خۇشال ھالدا.

ياغېيۇ تېرىش قارىماققا ئاددىي كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە تېخنىكىلىق ئىش ئىدى. «ياغېيۇ تېرىشنىڭ ئىككى خىل ئۇسۇلى بار، بىر خىلى، ئۇندۇرمىنى كېسىپ بىۋاسىتە تېرىش، يەنە بىر خىلى، ياغېيۇ چېچەكلىگەندە يىغىۋالغان ئۇرۇقنى تېرىش...» مانا بۇ يەردە، يېزا ئىگىلىك تېرىقچىلىق تەجرىبىسى مول بولغان ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ شيۇچېڭ بىر تەرەپتىن، ياشلارغا پەننى ئومۇملاشتۇرغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن، نەق مەيداندا ئۈلگە كۆرسىتىۋاتاتتى.

«كولاش، تىندۇرۇش، چىڭداش، ئۇرۇقنىڭ ئۈستىگە كۆمۈلگەن توپىنى چىڭداپ، ئۇرۇقنىڭ ئېچىلىپ قالماسلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مەن بۇ قېتىم ھەقىقەتەن كۆپ ھاسىلاتقا ئېرىشتىم» دېدى 90 - يىللاردا تۇغۇلغان كادىر جاۋ شۇنىڭ. كېسىپ پارچىلاش، ئورەك كولاش، تېرىش، توپا تاشلاش، تىندۇرۇپ كۆمۈش... كادىرلار ئىش تەقسىملىۋېلىپ ھەمكارلىشىپ، تۇغقانلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۈمىد ئۇرۇقىنى تېرىدى.

تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدىكى دېھقانلارنىڭ ھويلىلىرىدا، ئېتىز - ئېرىق باشلىرىدا، ھەر مىللەت كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشماقلاشقان تۇغقانلىرىنى كۆپ خىل شەكىلدە زىيارەت قىلىپ، ئۇلار بىلەن ھەمتۈرتكە بولۇپ، بىر گەۋدە بولۇپ يۇغۇرۇلۇپ، ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ، باھاردىكى سالىمى ۋە غەمخورلۇقىنى يەتكۈزدى.

## مەدەنىي يېڭى ئىستىل قەلبلەرنى ئىللىتىش

بۇغدايلار غول تارتىپ، ئۆرۈك چېچىكى خۇش پۇراق چاچتى، رەتلىك، پاكىز كوچا بويلىرى گۈزەل تۈسكە كىردى. 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، كەلپىن ناھىيەسى يۇرچى يېزىسى ئارا ئايماق كەنتىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ كادىرلىرى قوشماقلاشقان تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشكەندىكى خۇشال كۈلكە سادالىرىدىن باھار ناخشىسى ياڭرىدى.

گۈلبانۇ ئىسھاق قوشماقلاشقان تۇغقىنى ئەلى ماموتنىڭ ئۆيىگە كېلىپلا، كۆكتات پارنىكىنى سۇغىرىش، ئۆينىڭ ئالدى - كەينىدىكى ھويلا - ئارانلارنى تازىلاش، كالا - قوي قوتىنىنى تازىلاش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. «ھازىر كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئەمىن ئۆيگە كۆچۈپ كىردى، كۈنلىرىمۇ بارغانسېرى ياخشىلاندى، ھويلا - ئاران تازىلىقىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. تۇرمۇشىمىز باياشات، ئۆيلىرىمىز پاكىز، تېنىمىز ساغلام بولسا، كۆڭلىمىزمۇ يورۇق تۇرىدۇ» دېدى گۈلبانۇ تۇغقىنىغا.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە، گۈلبانۇ كۆپ ئارىلاپ تۇغقىنىغا تېلېفون بېرىپ، ئۇلارغا مۇداپىئەگە دىققەت قىلىشنى، ماسكا تاقاشنى، قولنى يۇيۇپ تۇرۇشنى، توپلىشىۋالماسلىقنى، يىغىلىۋالماسلىقنى تاپىلىدى. بۇ قېتىم جەم بولغاندا، گۈلبانۇ يۇيۇش - ئاسراش بۇيۇملىرى، ماسكا ئېلىپ كەلدى، يەنە باللارغا يېڭى كىيىم تەييارلىدى. «كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلدىڭىز، ھازىر بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز ياخشىلاندى، تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىشىمىز، ساغلاملىققا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك» دېدى ئەلى كۈلۈپ تۇرۇپ.

كۇچا شەھىرى ئالاقاغا بازىرى تۆگمەنبېشى كەنتىدە، ئاپتونوم رايونلۇق داۋالاش كاپالىتى ئىدارىسىنىڭ كادىرلىرى تۇغقانلىرىنى يوقلىغاندا، پارتىيەنىڭ خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتى ۋە داۋالاش - سەھىيە بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلدى ھەم كۆڭۈل قويۇپ تەييارلىغان سوۋغاتلىرىنى ئېلىپ باردى؛ باي ناھىيەسى سايرام بازىرى يېڭىمەھەللە كەنتىدە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ كادىرلىرى تۇغقانلىرى بىلەن بىللە بازاردىكى ئاشخانىغا بېرىپ جەم بولۇش تامىقى يەپ، ئاممىۋى چوكا، ئاممىۋى قوشۇق ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلدى؛ شىخو شەھىرى گەنجىزا بازىرى خاۋجياجاگزا كەنتىدە، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك بازارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ كادىرلىرى سەھىيە يۇقۇم مۇداپىئەسى مۇلازىمەت ئەترىتى تەشكىللەپ، تۇغقانلىرىغا ياردەملىشىپ ھويلا - ئارانلارنى تازىلىدى، ئېغىل - قوتانلارنى رەتلىدى ھەم چوڭ كاناي، ئۈندىدار توپى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ ساغلام تۇرمۇش قارىشىنى تەشۋىق قىلىپ، سەھىيە يۇقۇم مۇداپىئەسى بىلىملىرىنى سۆزلەپ چۈشەندۈردى...

ھەميان تومپايدى، كۈلكە كۆپەيدى، روھى كۆتۈرۈلدى، تۇرمۇش شەكلى تېخىمۇ زامانىۋىلاشتى. قېتىم - قېتىملاپ جەم بولۇش زامانىۋى مەدەنىي يېڭى ئىستىلنى ئاممىنىڭ قەلبىگە ئورناتتى.

## نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش ئۈچۈن ئەمەلىي تەدبىر كۆرسىتىش

«ئاكامنىڭ ئۆيىدىكى نان پۈتۈنلەي قولدا تەييارلىنىدۇ، مەززىلىك ھەم يېيىشلىك، يېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى ياخشى، ‹قالتىس› دەپ ماختىشىدۇ، كۆپچىلىكنىڭ بەس - بەستە زاكاز قىلىپ سېتىۋېلىشىنى قارشى ئالىمىز، بىز مالنى ئىشىك ئالدىغىچە يەتكۈزۈپ بېرىمىز، ئالاقىلىشىش ئۇسۇلى مۇنداق...» بۇ بىرنەچچە كۈندە، تۇغقىنى نىزامىدىن روزىنىڭ نېنىنى تونۇشتۇرۇپ سېتىش فۇكاڭ شەھىرى چىگگوۋەن بازىرىنىڭ كادىرى مېڭ جيەنبىڭ دوستلار چەمبىرىكىدە ئەڭ كۆپ يوللىغان مەزمۇن.

نىزامىدىن ياققان ناننىڭ تەمى ياخشى بولسىمۇ، لېكىن تۈرى بىرلا خىل، سېتىش يولى چەكلىك بولغاچقا، ئۈنۈمى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى. «مەن تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ مېنىڭ نېنىمنى سېتىۋېلىشىنى، شۇنداقلا ناننى تېخىمۇ يىراق جايلارغا سېتىشنى ئويلايمەن.» نىزامىدىن تۇغقىنى مېڭ جيەنبىڭگە ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئېيتتى.

سىناپ بېقىش خىيالى بىلەن، مېڭ جيەنبىڭنىڭ تەكلىپى بويىچە، ئۇلار ئىككىسى ئۈندىدار دوستلار چەمبىرىكىدە ئېلان بېرىشكە باشلىدى، مېڭ جيەنبىڭ يەنە ئەتراپىدىكى خىزمەتداشلىرى، دوستلىرىنى ياردەملىشىپ تەشۋىق قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى. ئويلىمىغان يەردىن ناھايىتى تېزلا سورۇشتۇرۇش، زاكاز قىلىش تېلېفونلىرىنى تاپشۇرۇۋالدى. 100، 500، 1000... ناھايىتى تېزلا، زاكازلار خۇددى قار ئۇچقۇنلىرىدەك ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى، ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىمدا 5000 ناننىڭ زاكىزىنى تاپشۇرۇۋالدى.

«ئىنىمنىڭ ‹ياخشى چارىسى› مېنىڭ سېتىش يولۇمنى ئاچتى. مەن بۇ يىل تونۇردىن يەنە بىرنى كۆپەيتىمەن، يەنە ماركىنى رويخەتكە ئالدۇرۇپ، ناننى ئىچكىرى رايونلارغا سېتىشقا تىرىشىمەن» دېدى نىزامىدىن تولۇق ئىشەنچ بىلەن.

كەنت ئاھالىلىرىنىڭ سېتىش يوللىرىنى ئېچىپ، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، فۇكاڭ شەھىرى چىگگوۋەن بازارلىق پارتىيە كومىتېتى «توردا زاكاز قوبۇل قىلىش، تور سىرتىدا مەخسۇس توشۇش، ئائىلىگىچە يەتكۈزۈپ بېرىش»تەك تىجارەت ئەندىزىسىنى قوزغاتتى ھەم «چىگگوۋەن بازارلىق سېتىلماي قالغان يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشقا ياردەم بېرىش توپى»نى قۇردى، كادىرلار تۇغقانلىرىنىڭ سېتىلماي قالغان يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى تىزىملىغاندىن كېيىن توپتا ئېلان قىلسا بولىدۇ. «مۇشۇنداق قىلىپ، سېتىش تورى كېڭىيىپ، سېتىش يوللىرى راۋانلىشىپ، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش قىيىن بولۇش مەسىلىسى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىندى» دېدى فۇكاڭ شەھىرى چىگگوۋەن بازارلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ما جيەنمىڭ.

باشقىلارغا بېلىق بەرگەندىن، بېلىق تۇتۇشنى ئۆگەتكەن ئەۋزەل. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار چىن مېھرى - مۇھەببەت بىلەن تۇغقانلىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ، تۇغقانلىرىنىڭ ئويلىغىنىنى ئويلاپ، ئارزۇ - ئارمانلىرىغا قۇلاق سېلىپ، قىيىنچىلىقلىرىنى چوڭقۇر، ئېنىق، پۇختا ئىگىلەپ، تۇغقانلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشى ئۈچۈن چارە - تەدبىر كۆرسىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىغا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇردى.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# «پارتلىتىش ئۇستىسى» يۇ خۇاخۇ



يۇ خۇاخۇنىڭ سۈرىتى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، جىنەن تېلېگراممىسى (مۇخبىر جاڭ ۋۇيۇ) مىنا ئۇرۇشى تاكتىكىسىدىن 30 نەچچىنى ئىجاد قىلغان، 300 قېتىمدىن ئارتۇق جەڭگە قاتناشقان، 171 دۈشمەننى ئۆلتۈرگەن، يارىلاندۇرغان... جياۋدۇڭدىكى «پارتلىتىش ئۇستىسى» يۇ خۇاخۇنىڭ قەھرىمانلىق ھېكايىسى «مىنا ئۇرۇشى» ناملىق روماننىڭ ۋە كىنو ئەسىرى ئارقىلىق نۇرغۇن كىشىگە تونۇلغان.

يۇ خۇاخۇ، 1914 - يىلى شەندۇڭ ئۆلكىسى خەيياڭ ناھىيەسىدىكى ۋېنشەنخۇ كەنتىدە تۇغۇلغان، 1940 - يىلى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان، 1944 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. ئۇ يۇرتىدا خەلق ئەسكەرلىرىنى يېتەكلەپ، ئۆزى ياسىغان دەسسىمە مىنا، قىلتاق مىنا، چاتما مىنا، قىسقۇچ مىنا، مىخ مىنا، مېيخۇا مىنا قاتارلىق 20 نەچچە خىل مىنانى ئاساسلىق قورال قىلىپ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا كۈچلۈك زەربە بېرىپ، جياۋدۇڭنى زىلزىلىگە سالغان.

1943 - يىلى 5 - ئايدا، ياپون قورچاق ئارمىيەسىنىڭ 100دىن ئارتۇق ئادىمى ۋېنشەنخۇ كەنتىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان، ئەينى چاغدىكى خەلق ئەسكەرلىرى ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولغان يۇ خۇاخۇ پارتلىتىش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، كەنتنىڭ ئەتراپىغا 70تىن ئارتۇق تاش تارتما مىنا ۋە قىلتاق مىنا كۆمۈپ، ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن ياپون ئارمىيەسىنىڭ 17 ئادىمىنى پارتلىتىپ ئۆلتۈرگەن، يارىلاندۇرغان. نەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇ يەنە خەلق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كەنتنىڭ ئەتراپىغا ئۆزى ياسىغان 100 نەچچە مىنانى كۆمۈپ، دۈشمەننى قايمۇقتۇرۇپ مىنا رايونىغا باشلاپ كىرىپ، دۈشمەننىڭ 70 نەچچە ئادىمىنى پارتلىتىپ ئۆلتۈرگەن، يارىلاندۇرغان.

1944 - يىلى ئەتىيازدا، چىڭداۋدا تۇرۇشلۇق ياپونىيە ئارمىيەسى پىنزشەن تېغى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش بازىسىغا قارىتا چوڭ تازىلاش ئېلىپ بارغان. يۇ خۇاخۇ خەلق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كەنتنىڭ غەربىدىكى يېخۇشەن تېغىغا 20 نەچچە ھەمراھ مىنا كۆمۈپ، ياپونىيە قورچاق ئارمىيەسىنىڭ 40 نەچچە ئادىمىنى پارتلىتىپ ئۆلتۈرگەن، يارىلاندۇرغان. كارامىتى چاغلىق ياپونىيە ئارمىيەسى چىڭداۋدىن قۇرۇلۇش ئەسكىرى ۋە مىنا چارلاش ئەسۋابى يۆتكەپ كەلگەن. يۇ خۇاخۇ ۋە خەلق ئەسكەرلىرى تىغمۇتىغ ئېلىشىپ، قىسقۇچ مىنا، چاچ مىنا ۋە مېيخۇا مىنا قاتارلىق تازىلاشتىن مۇداپىئەلىنىش مىناسىنى ياسىغان. شۇ يىلى يازدا، يۇ خۇاخۇ 25 جىڭ ئېغىرلىقتىكى تۆت چوڭ مىنانى ئېلىپ، دۈشمەننىڭ تايانچ پونكىتىغا يوشۇرۇن كىرىپ، ياپونىيە ئەسكەرلىرى يىغىلىپ يوقلىما قىلىدىغان جايغا كۆمۈپ قويغان. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ياپونىيە ئەسكەرلىرى مەشىققە چىققاندا، مىناغا دەسسەپ 30 نەچچە ئادىمى پارتلاپ ئۆلگەن، يارىلانغان.

1945 - يىلى يازنىڭ بىر كۈنى، ياپونىيە قورچاق ئارمىيەسى 400دىن ئارتۇق ئادەمنى يىغىپ، ئەتراپتىكى كەنتلەردە تازىلاش ئېلىپ بارغان. يۇ خۇاخۇ خەلق ئەسكەرلىرىنى تەشكىللەپ، ياسىنىپ دۈشمەننىڭ ئىچكى قىسمىغا سوقۇنۇپ كىرىپ، قورچاق ئارمىيەنىڭ 14 ئەسكىرىنى تىرىك تۇتقان ھەم قورچاق ئارمىيەنىڭ فورمىسىنى كىيىپ كەنتكە كىرىپ مىنا ئورۇنلاشتۇرغان. ئارقىدىن ئۇلار كەنتتىن چېكىنىپ چىقىپ، ئوق چىقىرىپ دۈشمەننى قارماققا ئىلىندۇرغان. دۈشمەنلەر قالايمىقانچىلىقتا ئۆزئارا ئېتىشقان، مىنالار ھەممە يەردە پارتلىغان، 47 ئادەم ئۆلگەن، يارىلانغان. خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ مىنا ئۇرۇشىنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ، خەيياڭ ناھىيەسىنى ساقلاۋاتقان ياپونىيە ئارمىيەسى تايانچ پونكىت ئىچىدە قامىلىپ قېلىپ، «مىنا كۆلچىكى»دىن بىر قەدەممۇ ئاتلاشقا پېتىنالمىغان، پەقەت چىڭداۋدىكى ياپونىيە ئارمىيەسىنىڭ ياردىمىدە خەيياڭدىن قېچىپ چىققان.

يۇ خۇاخۇ ۋە ئۇنىڭ خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ مىنا ئۇرۇشى جياۋدۇڭ ئەتراپىدا ناھايىتى نام - شۆھرەت قازانغان، ياپونىيە قورچاق ئارمىيەسى مىنانى ئاڭلىسىلا چىرايى تاتىرىپ كېتىدىغان بولغان. 1944 - يىلى 10 - ئايدا، يۇ خۇاخۇ قاتارلىق بەش كىشى جياۋدۇڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئەۋەتىشى بىلەن يەنئەنگە ئۆگىنىشكە بېرىپ، خەلق ئەسكەرلىرى تايانچىلىرىغا مىنا ياساش، مىنا ئورۇنلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى ئۆگەتكەن، تۆت ئايدىن ئارتۇق مىنا ئۇرۇشىنى قانات يايدۇرغان.

ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندا، يۇ خۇاخۇ ئۆز قولى بىلەن پارتلىتىش نەمۇنىچىسىدىن 20 نەچچىنى تەربىيىلەپ چىققان، بەش خىلدىن ئارتۇق مىنا پارتلىتىشنى بىلىدىغان ماھىر 1400دىن ئارتۇق ئادەمگە يەتكەن. ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان بەش يىل ۋاقىت ئىچىدە، يۇ خۇاخۇ مىنا بىلەن ياپونىيە قورچاق ئارمىيەسىنىڭ 171 ئادىمىنى پارتلىتىپ ئۆلتۈرگەن، يارىلاندۇرغان، مىنا ياساش، مىنا ئورۇنلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنىڭ نامىمۇ جياۋدۇڭ رايونىغا تارقالغان. 1945 - يىلى، يۇ خۇاخۇ «جياۋدۇڭ خەلق ئەسكەرلىرى قەھرىمانى» دەپ باھالانغان، جياۋدۇڭ ھەربىي رايونى ئۇنىڭغا «پارتلىتىش ئۇستىسى» دەپ قەھرىمانلىق نامى بەرگەن.

ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، يۇ خۇاخۇ خەلق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىغا قاتناشقان. 1946 - يىلى ئەتىيازدا، خەيياڭ ناھىيەلىك قوراللىق بۆلۈم ئۈچ خەلق ئەسكەرلىرى لېيەنىنى ئاجرىتىپ، ناھىيەلىك پەرزەنت ئەسكەرلەر بىگۇۋەنىنىڭ بىر يېڭىنى تەشكىللىگەن، يۇ خۇاخۇ يېڭجاڭ بولغان. ئۇ قىسىمنى باشلاپ جىمو، لاۋشەن ئەتراپىغا بېرىپ شۇ جايدىكى ھۆكۈمەتكە ماسلىشىپ يېڭى ئازاد رايون ئاچقان. بىر قېتىم، 600 نەچچە دۈشمەن ئەسكىرى لاۋشەندىن چىقىپ بۇلاڭچىلىق قىلغان، يۇ خۇاخۇ خەلق ئەسكەرلىرى يېڭىنى باشلاپ يوشۇرۇنۇپ زەربە بېرىپ، تۇتۇلۇپ قالغان 100دىن ئارتۇق ئاممىنى قۇتقۇزۇپ چىققان، 30 نەچچە دۈشمەننى ئەسىرگە ئالغان، بىر تۈركۈم قورال - ياراغ، ئوق - دورىنى ئولجا ئالغان.

1949 - يىلى، يۇ خۇاخۇ تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن يۇرتى ۋېنشەنخۇ كەنتىگە قايتىپ كېلىپ، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغان. «دادام بىر ئۆمۈر ئىشچان ئۆتكەن، ئەمگەكنى سۆيەتتى، ئۆزى باشلامچى بولۇپ ئىش قىلىشنى ياقتۇراتتى. ئۇنىڭ، قەمەرىيە 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنىگىچە ئىشلەپ، جياۋزىنى يەپ بولۇپلا تۇتۇش قىلىش دېگەن داڭلىق سۆزى بار» دېدى ئوغلى يۇ يۈجۇ.

ۋېنشەنخۇ كەنتى ئېدىرلىق بولۇپ، سۇ كەمچىل بەلباغقا جايلاشقان، يۇ خۇاخۇ يۇرتداشلىرىنى باشلاپ نۇرغۇن كۆلچەك ۋە ئېرىق قازغان. كوللېكتىپنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يۇ خۇاخۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كەنتتە خۇمدان، توخۇ فېرمىسى، پىنتوزىخانا، چارۋا كۆپەيتىش پونكىتى قاتارلىقلارنى قۇرغان، يۇرتداشلىرىنى باشلاپ ياخشى كۈن كەچۈرگەن.

2004 - يىلى، يۇ خۇاخۇ ۋاپات بولدى، ئەمما ئۇ ۋە ئۇنىڭ مىنا ئۇرۇشىغا ئائىت قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى ئىزچىل تارقىلىپ كەلمەكتە. 2019 - يىلى 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، شەندۇڭ خەيياڭ مىنا ئۇرۇشى پارتىيەۋىلىك تەربىيە بازىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بازىدا شۇ جايدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، خەلقنىڭ قان كېچىپ كۆرەش قىلىش، باتۇرلۇق بىلەن دۈشمەننى ئۆلتۈرۈشتەك قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى ھەممە شۇ جايدىكى خەلقنىڭ مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان، جان پىدالىق بىلەن ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرىدىغان ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتى نامايان قىلىنىپ، كېيىنكىلەرنىڭ ئېكسكۇرسىيە قىلىشى، ئېھتىرام بىلدۈرۈشى ئۈچۈن تەمىنلەندى. شۇ جايدا يەنە «پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسىنىڭ ئەسلى مەقسىتى ۋە بۇرچى» «مىنا ئۇرۇشى روھى مەڭگۈ نۇر چاچىدۇ» «مەشئەل يەتكۈزۈپ ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماسلىق» قاتارلىق سەككىز مەخسۇس تېمىلىق تەشۋىقات فىلمى سۈرەتكە ئېلىندى، 300 نەچچە مىڭ خەتلىك «خەيياڭ مىنا ئۇرۇشى» دېگەن رەسىملىك كىتاب نەشر قىلىندى، ھەممە نۇرغۇن «مىنا ئۇرۇشى» باش تېمىلىق مەدەنىيەت ئىجادىيەت مەھسۇلاتلىرى لايىھەلەندى.

# لى چىمىڭ: جامائەت خەۋپسىزلىكى ئاخبارات خىزمىتى ئۈچۈن پۈتۈن ھاياتىنى بېغىشلاش



لى چىمىڭنىڭ سۈرىتى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، تەيۈەن تېلېگراممىسى (مۇخبىر ۋاڭ خاۋ) «مېنىڭ چوڭ ئاكام لى چىمىڭ ئون نەچچە يېشىدىلا يۇرتتىن ئايرىلىپ، مەخپىي ھالدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش، ئازادلىق ئۇرۇشىدىن تارتىپ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغىچە ئۇزاق سىناقلاردىن ئۆتكەن، دۆلەتنىڭ ئاخبارات ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىشلىرى ئۈچۈن پۈتۈن ھاياتىنى بېغىشلىدى، دېيىشكە بولىدۇ.» لى شىمىڭ ئۆزىنىڭ نەۋرە ئاكىسىغا مۇشۇنداق باھا بەردى.

لى چىمىڭ، 1915 - يىلى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىنچى ناھىيەسىدىكى بىر كونا خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، كىچىكىدىن تارتىپلا تەربىيە كۆرگەن، ناھايىتى ئەقىللىق ئىدى. 1929 - يىلى، لى چىمىڭ تەيۈەن 1 - ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇغان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شەنشى پارتىيە تەشكىلاتى دۇنياغا كەلگەن بۇ جايدا، ياپونىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ قۇرغۇچىسى خې شاڭجاۋنىڭ ئەسىرىنى كۆرۈپ، كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ سىرتقى پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا باشلىغان. 1931 - يىلى، لى چىمىڭ تۈرمىگە بېرىپ، قولغا ئېلىنغان بىر ساۋاقدىشىنى يوقلىغان، بۇ پارتىيەلىك ساۋاقدىشى پەس ئاۋازدا، تېز كەت، دەپ ئەسكەرتكەن. شۇنىڭ بىلەن، لى چىمىڭ بىر قىسىم ساۋاقداشلىرى بىلەن فېنياڭغا بېرىپ، فېڭ يۇشياڭ ئاچقان فېنياڭ ئوفىتسېرلار مەكتىپىگە كىرگەن. 1932 - يىلى لى چىمىڭ مەخپىي ھالدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرىپ، فېڭ يۇشياڭ رەھبەرلىكىدىكى چاخار ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى مىللىي ئىتتىپاقداش ئارمىيەگە ئەگىشىپ گۇبېيكوۋ ئۇرۇشىغا قاتناشقان.

ئاخبارات سېپىدە «ئەقىل - پاراسەت» تەكتىلىنىدىغان بولۇپ، لى چىمىڭنىڭ ئەقىل - پاراستى ئاخبارات بىلەن شۇغۇللىنىشتا تازا باب كېلەتتى. 1937 - يىلى 9 - ئايدا، لى چىمىڭ بۇيرۇققا بىنائەن غەربىي شىمال قوغداش ئىدارىسى چافاڭ تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقى بولغان. 1938 - يىلى 6 - ئايدا ئامانلىق ساقلاش باشقارمىسى چىلىپۇ رازۋېدكا ئاخبارات كۇرسىنىڭ 1 - قارارلىق ئۆگىنىشكە قاتناشقان، بۇ مەزگىلدە ۋاياۋباۋغا بېرىپ ئاخبارات خىزمىتىنى قانات يايدۇرغان. 1939 - يىلى بۇيرۇققا بىنائەن سۇيدې تاشقى خىزمەت گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ، گۇرۇپپا باشلىقى بولغان. 1941 - يىلى يەنە بۇيرۇققا بىنائەن چېگرا مۇداپىئە تاشقى خىزمەت گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ، داۋاملىق گۇرۇپپا باشلىقى بولغان. 1942 - يىلى يەنئەنگە يۆتكىلىپ كېلىپ، ئامانلىق ساقلاش باشقارمىسىنىڭ ئاخبارات بۆلۈم ئەزاسى بولغان. 1943 - يىلى ئەتىيازدا ئامانلىق ساقلاش باشقارمىسى ئاخبارات بۆلۈمى تەسىس قىلىنغاندا، بۆلۈم باشلىقى بولغان. 1946 - يىلى 7 - ئايدا ئامانلىق ساقلاش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولغان. 1949 - يىلى 3 - ئايدا شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونلۇق ھۆكۈمەت جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولغان ھەمدە جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغان.

تۈرلۈك ئاخبارات ئىش ئورنىدا ئىشلەپ باققان لى چىمىڭ ياش ۋە قابىلىيەتلىك، تەجرىبىسى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئاخبارات قوغداش خىزمىتىنىڭ ئاساسلىق يول ئاچقۇچىلىرى ۋە رەھبەرلىرىنىڭ بىرى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، لى چىمىڭ داۋاملىق جامائەت خەۋپسىزلىكى سېپىدە خىزمەت قىلغان. 1950 - يىلى 1 - ئايدىن 1954 - يىلى 10 - ئايغىچە، غەربىي شىمال ھەربىي - مەمۇرىي كومىتېتى جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى، غەربىي شىمال مەمۇرىي كومىتېتى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى بولغان. غەربىي شىمال چوڭ رايونى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، شەنشى ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە شەنشى ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرى، شەنشى ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شۈجچۇسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى، مۇۋەققەت ئۆلكە باشلىقى، قوشۇمچە ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرى، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ئۆلكە باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا لى چىمىڭ خاتا ھالدا پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، قاماققا ئېلىنىپ تەكشۈرۈلگەن، زاۋۇتقا ئەمگەككە چۈشۈرۈلگەن. 1977 - يىلى 8 - ئايدا خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى يۈننەن ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ دائىمىي شۇجىسى، 2 - شۇجىسى، ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى، ئۆلكىلىك مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان. لى چىمىڭ كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 11 -، 12 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان.

2007 - يىلى 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، لى چىمىڭ بېيجىڭدا كېسەل سەۋەبىدىن 93 يېشىدا ۋاپات بولغان.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)